# پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيلى، كېڭەيتەيلى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېقىندا ئېچىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇ-
روسى يىغىنىدا كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد
خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، پۈتۈن يىللىق
ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان - ۋە-
زىپىلىرىنى تىرىشىپ ئورۇنداش توغرىسىدا
مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، ئېنىق
تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭدىن ئىل-
گىرى ئېچىلغان پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار
سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ
مۇنداق تەكىتلىدى: ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى
ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى تەكشى، مۇقىم
بولۇۋاتىدۇ، ئىقتىسادنىڭ يۈرۈشۈشى ئاسا-
سىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلدى، 3 -، 4 - پە-
سىلدە پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، يۇ-
قۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتى-
سادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نەتىجىلىرىنى مۇس-
تەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، ئالدىنقى يېرىم يىلدى-
كى زىياننى تىرىشىپ تولدۇرۇۋېلىش كېرەك.

ئادەم ئىرادىلىك بولسىلا، قاتمۇقات تو-
سالغۇ، ئېگىز تاغلاردىن ھالقىپ مەنزىلگە يې-
تەلەيدۇ. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق
ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىر زەربىسى ئال-
دىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلقنىڭ ھاياتى
بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى
ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ماكرولۇق
سىياسەتنىڭ تاقابىل تۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇ-
رۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى
پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك
قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىي-
لەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىز-
گىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى
خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا مۇھىم، زور
نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئالدىنقى يېرىم
يىلدا، ئىقتىساد 1 - پەسىلدە بۇلتۇرقى
ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.8% تۆۋەنلىدى،

2 - پەسىلدە مۇقىم بولۇپ قايتا ئېشىپ،
مەنپىي ئېشىشتىن مۇسبەت ئېشىشقا ئۆزگىرىپ،
3.2% ئاشتى؛ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە
شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا
ئورۇنلاشقانلار 5 مىليون 640 مىڭ كىشى بولۇپ،
پۈتۈن يىللىق نىشان - ۋەزىپىنىڭ 62.7%ى
تاماملاندى؛ كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ
قوشۇلما قىممىتى ئۇدا ئۈچ ئاي مۇسبەت ئې-
شىشنى ساقلىدى، ئېكسپورت سوممىسى ئۇدا
ئۈچ ئاي مۇسبەت ئاشتى، ئىمپورت سوممىسى
6 - ئايدا مۇسبەت ئېشىشنى ئىشقا ئاشۇر-
دى... بىرگە ئوخشاش 1 مىليارد 400 مىليون
نوپۇسقا ئىگە چوڭ دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيت-
قاندا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۇقۇمنى ئۈنۈمە-
لىك تىزگىنلەپ، ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەشتىن
ئۆرلەشكە ئۆزگىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ،
ئىقتىساد، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇ-
قىملىقىنى ساقلاش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس.
«تايىنىشقا تېگىشلىكى ۋەزىيەتتۇر، چىڭ تۇ-
تۇشقا تېگىشلىكى پۇرسەتتۇر.» بىز پۇرسەتنى
تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ۋەزىيەتنى مۆلچەر-
لەپ ھەرىكەتكە كېلىپ، ھەل قىلغۇچ قەدەمنى
ياخشى تاشلاپ، تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى
ياخشى قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا نەتىجىلەرنى
مۇستەھكەملەپ، جەڭ نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىپ،
پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى
نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن بو-
شاشماي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش-
نىڭ دەل جايىدا بولۇشى ئىقتىساد، جەمئىيەت
تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ھەر دەرىجە-
لىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر يۇ-
قۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى
تۇتۇشنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ
تۆۋەن چېكى، جان تومۇرى ئىكەنلىكىنى
چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى كېرەك. جەزمەن
تەستە قولغا كەلگەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىن-
لەش نەتىجىلىرىنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، يۇ-

قۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبا-
رەت بۇ كىرىچنى باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇتۇپ، دا-
ئىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىن-
لەشنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى تۇتۇپ، دا-
ئىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىن-
لەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، داۋالاش -
سەھىيە ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاشنى
يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى
ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ
ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى
ۋاقىت، ۋەزىيەتكە قاراپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ،
يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ
سىجىل ياخشىلىنىش ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز
مۇستەھكەملەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى
بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى كۈچلۈك
كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى، ئىقتىساد، جەمئىيەت
تەرەققىياتىنى كۈچلۈك مەدەت بىلەن تەمىنلە-
شى كېرەك.

دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىق ئاسا-
سىدا ياخشىلىنىش، ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا
يۈزلىنىش ئاساسىي تەرىپى ئۆزگەرمىدى، يو-
شۇرۇن كۈچى تولۇق، ئېلاستىكلىقى
كۈچلۈك، ئايلىنىپ ئەسلىگە كېلىش بوشلۇقى
زور، سىياسەت قورالى كۆپ بولۇشتەك ئاسا-
سىي ئالاھىدىلىكى ئۆزگەرمىدى، بۇلار كېيىن-
كى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەشتىكى ئىشەنچىمىز ۋە غەيرىتىمىز ئاسا-
سى. «ۋاقىتنى تولۇقلىۋېلىش، زىياننى تولدۇ-
رۇۋېلىش كېرەك!» پۈتۈن مەملىكەت بويىچە
يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە دەل مۇشۇنداق يۇقۇم-
نىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد،
جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ
ئالغا سىلجىتىدىغان كۈتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھ
بولۇشى كېرەك. پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگى-
رىلەپ، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نەتى-
جىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشتە ئاچ-
قۇچلۇقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر -
ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم - كوتىسىز ئىزچىل-

لاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئالتىنى مۇ-
قىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى
ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپە-
سىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ماكرو-
لۇق ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىپ
ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قى-
لىشتىن ئىبارەت. ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش-
تىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئاساس نۇقتى-
نى پۇختا ئىگىلەپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھايا-
تىي كۈچىنى زور كۈچ بىلەن قوغداپ ۋە قوز-
غىتىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى-
نىڭ مۇقىملىقى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈ-
رۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ زور
سالماق بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ
يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە
بولۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش
ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇتقۇزۇش -
ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ،
جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى
قوغداش كېرەك.

«مەۋج ئۇرغان ئەزىم دەريادا دولقۇن
يېرىپ ئىلگىرىلىمەكتە بىر كېمە، ئىككى قىر-
غاقتىكى يېشىل تاغ مەنزىرىسىنى قالدۇرۇپ
ئۇ كەينىدە.» ئۆتكەنگە نەزەر سالساق،
جۇڭگو ئىقتىسادى يول بويى توسالغۇلارنى
سۆپۈرۈپ تاشلاپ، بوران - چاپقۇنلارنى
باشتىن كەچۈرۈپ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىل-
دى، زورايدى. مىسلى كۆرۈلمىگەن خىرىسلار
ئالدىدا، بىز كۈچ يىغىش، كۈچ توپلاش، كۈچ
ئىشلىتىشتا ماھىر بولۇپ، ئۆزگىرىشنى تونۇش،
ئۆزگىرىشكە ئىنتىلىش، ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىشكە
ماھىر بولۇپ، كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت
يېتىلدۈرۈپ، ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت
ياراتساقلا، جەزمەن دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ
دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ،
تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى كۈتۈۋالالايمىز.

**(8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

(بېشى 1 - بەتتە)

قەتئىي ھالدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىن-
لەش ئۆلچىمى بويىچە، مەركەزلىك
تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىنى باشقۇ-
رۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىشنى كۈچەي-
تىش كېرەك؛ «تۆتنى مەركەزلەشتۈ-
رۇش»تە چىڭ تۇرۇپ، داۋالاشنى قې-
لىپلاشتۇرۇپ، بىرخىللاشتۇرۇپ، ساقى-
يىش نىسبىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ،
دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىقلارنىڭ
سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
ۋە پىسخىكىلىق يېتەكلەشنى پۇختا،
ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ قاتتىق
تەدبىر قوللىنىپ، دوختۇرخانىدا يۇ-
قۇملىنىش يۈزبېرىشتىن قەتئىي ساقلى-
نىش كېرەك.

ئۈچىنچى، مەھەللە باشقۇرۇشنى
يەنىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈش كېرەك. مە-
ھەللە دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى
كۈچەيتىپ، كۆچىلەرنىڭ بىرىنچى
سەپكە چۆشۈشىگە تۈرتكە بولۇپ،
ساغلاملىقنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، رەتكە
تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈ-
چەيتىپ، تەدبىرلەرنى ئائىلىگىچە، ئا-
دەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي
كاپالەتلىك قىلىپ، بىرىنچى مۇداپىئە
سېپىنى زىچ، پۇختا توقۇش كېرەك؛
چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن ئەلا
مۇلازىمەتنى ياخشى قىلىپ، ئاممىنىڭ
قىيىنچىلىقى، ئارزۇ - تەلەپلىرىنى پۈتۈن
كۈچ بىلەن ھەل قىلىپ، خىزمەتلەرنى
ئىنچىكىلەشتۈرۈش، ئىلمىيلەشتۈرۈش،
قېلىپلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈك-
سىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچى، بىرلىشىپ ئالدىنى
ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى يەنىمۇ
ماسلاشتۇرۇش كېرەك. پۈتۈن شىنجاڭ
بىر تاختا شاھمات بولۇش، بىڭتۇەن
بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇش-
تا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت،
ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماس-
لىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، ئۈ-
رۈمچى شەھىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان،
پۈتۈن ئاپتونوم رايون ماسلىشىپ بىرلە-
شىپ ھەرىكەتلىنىدىغان يۇقۇمنىڭ ئال-
دىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى
يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، بايلىقنى بىر-
تۇتاش پىلانلاپ، بىرتۇتاش ئورۇنلاش-
تۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش
خىزمىتىنىڭ كۈچلۈك، تەرتىپلىك قانات
يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛
بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ
تىزگىنلەش، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش،
ئاممىۋى تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، «تۆت
تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتى»نى ئەمەلىيلەش-
تۈرۈپ، رايونلار ئىدارە قىلىش، تار-
ماقلار ئىدارە قىلىش، ساھەلەر ئىدارە
قىلىش، ئاساسىي قاتلام ئىدارە
قىلىش، ئورۇنلار ئىدارە قىلىشنى ئور-
گانىك بىرلەشتۈرۈپ، ھەركىم ئۆز
مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ھەركىم ئۆز
مەسئۇلىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ھەمكارلى-
شىپ جەڭ قىلىپ، قاتتىق مۇداپىئە
كۆرۈپ، قەتئىي بوشلۇق قالدۇرماسلى-
قى، قاراڭغۇ بۇلۇڭ قالدۇرماسلىقى
كېرەك.

بەشىنچى، كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈ-
نۈشكە يەنىمۇ كۆڭۈل قويۇش كېرەك.
دوختۇر - سېستىرالار، ئالدىنى ئېلىش -
تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدىكى خىزمەت-
چى خادىملار، مەھەللە خىزمەتچىلىرى
ۋە پىدائىيلارغا چىن ھېسسىيات بىلەن
كۆيۈنۈپ، ئىلمىي مۇداپىئەلىنىشنى
ياخشى ئىشلەپ، نۆۋەتلىشىپ ئىشلەش-

نى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمەلىي
قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، غەم - ئەندى-
شىسىنى تۈگىتىپ، روھىي بېسىمىنى يې-
نىكلىتىپ، جىسمانىي، روھىي ساغلاملى-
قىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ،
ئۇلارنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن خىزمەتكە
ئاتلىنىشىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تە-
مىنلەش كېرەك.

ئالتىنچى، تەمىنات كاپالىتى يەنى-
مۇ كۈچلۈك بولۇش كېرەك. مۇداپىئە
ماددىي ئەشيالىرى، تېببىي دورىلار،
قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى
قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچى-
قىرىش، تەقسىمات توشۇش، زاپاس
ساقلاش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن
ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى
ئېلىش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ھەقىقىي
كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ ئاشلىق،
ياغ، كۆكتات ۋە گۆش، تۇخۇم، سۈت
قاتارلىق تۈرلۈك زۆرۈر تۇرمۇش لا-
زىمەتلىكلىرىنى تەشكىللەش سالمىقىنى
زورايتىپ، بازارنى نازارەت قىلىش -
باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەمىنلەشنىڭ
تولۇق، باھانىڭ مۇقىم، يېمەكلىكنىڭ
بىخەتەر بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك
قىلىش كېرەك.

يەتتىنچى، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى
يەنىمۇ چىڭىتىش كېرەك. ھەر دەرىجە-
لىك رەھبەرىي كادىرلار بىرىنچى
سەپكە بېرىپ قوماندانلىق قىلىپ، بى-
رىنچى سەپتە تۇرۇپ كۈرەش قىلىشى،
كەڭ كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى
ئاۋانگارت بولۇپ، ئۈلگە بولۇپ،
چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا ئىستىلنى
سىناش، ئىستىلنى تاۋلاشتا چىڭ تۇرۇ-
شى كېرەك؛ ۋەزىپىلەرنى تەقسىملەپ،
ھۆددىگە ئېلىش - ئالاقىلىشىشكە مەسئۇل
بولۇپ، ھەر بىر خىزمەتنى كونكرېت
ئىش ئورنىغىچە ئايدىڭلاشتۇرۇش،
كونكرېت خادىملارغىچە ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈش كېرەك؛ خىزمەت ئىنتىزامىنى چى-
ڭىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىز-
گىنلەش كۈرىشىدە سىناقتا بەرداشلىق
بېرەلىگەن، ئىپادىسى گەۋدىلىك بول-
غانلارنى تەقدىرلەپ، مۇكاپاتلاپ،
دادىل ئىشلىتىش كېرەك؛ ئىستىلى تۇ-
راقسىز، خىزمەتتە كۆپتۈرمىچىلىك
قىلغان، يۈزەكى ئىشلەپ مەسئۇلىيەتتىن
قاچقان، مەسئۇلىيەتنى بىر - بىرىگە ئىت-
تىرىپ قۇرۇق تالاش - تارتىش قىلغان-
لارغا قارىتا كەسكىن تۈردە جاۋابكارلى-
قىنى سۈرۈشتۈرۈپ، جاۋابكارلىققا
تارتىپ، ئەمەلىي ئىستىل، قاتتىق ئىنتى-
زامنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىز-
گىنلەش خىزمىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا
ھەقىقىي سىڭدۈرۈش كېرەك.

سەككىزىنچى، بىرتۇتاش
پىلانلاپ، تەڭ ئەھمىيەت بېرىشنى يە-
نىمۇ ئىلمىيلەشتۈرۈش كېرەك. پۈتۈن
كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدى-
نى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۈتكەلگە
ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش
ئالدىنقى شەرتىدە، «ئالتىنى مۇقىملاش-
تۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى
ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»
ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تە-
رەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن
قۇتۇلدۇرۇش ئۈتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش
جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، جەمئىيەت
چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ،
پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەق-
قىياتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ
ئورۇنداش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

«بىز نامرات ئائىلىلەرنى كۆچەت ۋە
تېخنىكا بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدۇق، ھەمكار-
لىق كوپېراتىپى شەكلىنى قوللىنىپ ئۆزۈۋېش
ئۈسكۈنىلىرى، پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرىنى
سېتىۋالدۇق، قۇرۇتۇش ئۆيى، يېڭى پېتى
ساقلاش ئامبىرى قۇردۇق. بۇنىڭدىن تەرەق-
قىي قىلغان كەسىپ زەنجىرى 150 مىڭدىن
ئارتۇق كىشىنى قاپلىدى، چېتىلغان نامرات
نوپۇس 90 مىڭدىن ئاشتى، كىشى بېشى كىرد-
مى 300 يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى» دېدى يې-
ڭىسار ناھىيەلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسىنىڭ
ئىدارە باشلىقى خې ۋېيجياڭ.

نۆۋەتتە، باغ - ئورمانچىلىق ئاساس-
لىق ئىشلەپچىقىرىش رايونىدا، باغ - ئور-
مانچىلىقتىن قىلغان كىرىم شۇ جايدىكى دېھ-
قانلارنىڭ كىشى بېشى كىرىمىنىڭ 30% ئەت-
راپىنى ئىگىلىدى. 5 - ئايدا ئۆرۈكتىن باشلى-
نىپ، 10 - ئايدا ئالما، چىلان قاتارلىقلار

بىلەن ئاخىرلاشقىچە، نەچچە ئون خىل مې-
ۋىدىن تەركىب تاپقان «يېڭى مېۋە - چېۋە-
لەرنى بازارغا سېلىش كالېندارى»نىڭ ئارد-
لىقى تەخمىنەن يېرىم يىل بولۇپ، بۇنىڭغا
ئىنچىكە پىششىقلانغان مەھسۇلاتلار قوشۇ-
لۇپ، شىنجاڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇ-
بى - شىمالىنى مېۋە - چېۋە بىلەن يىل بويى
ئۈزۈلدۈرمەي تەمىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە
بولدى.

بۇ يىل 6 - ئايغىچە، قەشقەر ۋىلايىتى
شەندۇڭنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش قوماند-
دانلىق ئىشتابى بىلەن بىرلىكتە ئالغا سىلجىت-
قان «چوڭ ئامبارنى شەرققە يۆتكەش» تۈ-
رىدە، شەندۇڭ كۆلىمى 11 مىڭ كىۋادرات مې-
تىردىن ئارتۇق كېلىدىغان قەشقەر خاس يېزا
ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى يېڭى
پېتى ساقلاش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش مەر-
كىزى قۇرۇپ، خۇادۇڭ، خۇابېي رايونلىرىنى
قاپلىدى، 60تىن ئارتۇق شىنجاڭ كارخانىسى

ماكانلاشتى، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك قو-
شۇمچە مەھسۇلاتلىرى ساقلىنىش مىقدارى
3000 توننىدىن ئاشتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا ئېلېكتروند-
لۇق سودىسىنىڭ تەرەققىياتى شىنجاڭنىڭ
باغ - ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا تېخىمۇ
كەڭ بازار ئاچتى. «ئاقسۇدا ھازىر ئېلېكتر-
رونلۇق سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار
2600دىن ئاشىدۇ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئالما،
چىلان، ياڭاقتىن ئىبارەت ئۈچ يەككە مەھ-
سۇلاتىنىڭ توردا سېتىلىش مىقدارى باشتىن -
ئاخىر جۇڭگو يېزا ئېلېكترونلۇق سودىسى
بويىچە ئۆلكە كۆرسىتىش ناھىيەلىرى ئىچىدە
1 - ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ» دېدى ئاقسۇ ئې-
لېكترونلۇق سودا كەسپى جەمئىيىتىنىڭ جەم-
ئىيەت باشلىقى خاۋ جەنجۈن.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇنجى سودا
ئىشلىرى، ئامباردا ساقلاش، ئەشيا ئوبورو-
تى، تەربىيەلەش، يېتىشتۈرۈش قاتارلىق ئىق-

تىدارلار بىر گەۋدە قىلىنغان ئاقسۇ شەھىرى
ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى كەسپلەر باغ-
چىسىدا، باغ - ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى
سېتىش سودىگىرى لى بو بىۋاسىتە كۆرسە-
تىش ئارقىلىق تىجارەت سوممىسىنى ئۈزلۈك-
سىز ئاشۇرماقتا. «مەن ھەر كۈنى ئوتتۇرا
ھېساب بىلەن ئۈچ سائەت بىۋاسىتە كۆرسىتە-
مەن، بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئارقىلىق، باغ -
ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش
سوممام 20%تىن 30%كىچە ئاشتى، ئايلىق تى-
جارەت سوممام ئەڭ ياخشى بولغاندا 100
مىڭ يۈەنگە يەتتى» دېدى لى بو.

«كۆلەم ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، ئۈنۈم
كەسىپ سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشى
ۋە كەسىپ سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە يەنىمۇ
تۈرتكە بولدى.» لىن شىڭخۇي مۇنداق
دېدى: «شىنجاڭنىڭ باغ - ئورمانچىلىقى يۇ-
قىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ يېڭى باسقۇ-
چىغا قەدەم قويماقتا».

(بېشى 1 - بەتتە)

توك يەتكۈزۈش قۇۋۋىتى 6 مىليون كىلوۋات-
تىن 8 مىليون كىلوۋاتقا ئۆستۈرۈلگەنلىكتىن
بولغان، توك يەتكۈزۈش مىقدارى ئىلگىرىكى
ھەر كۈنى تەخمىنەن 120 مىليون كىلوۋات سا-
ئەتتىن 192 مىليون كىلوۋات سائەتكە كۆپىيىپ،
سىرتقا يەتكۈزۈش ئىقتىدارى زور ھەجىمدە
ئۆستى. توك مەنبەسى قۇرۇلمىسىدىن

قارىغاندا، 7 - ئايدا شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا
يەتكۈزۈش توك مىقدارى ئىچىدە 3 مىليارد
430 مىليون كىلوۋات سائەت توك يېڭى ئېنېر-
گىيە توك مىقدارى بولۇپ، سىرتقا يەتكۈزۈل-
گەن توك مىقدارىنىڭ 33%نى ئىگىلىدى.

شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى سودا مەر-
كىزى چەكلىك شىركىتى سودا بۆلۈمىنىڭ
مەخسۇس مەسئۇلى جاڭ جۈن مۇنداق بىلا-
دۈردى: توك ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ تارقىلىش
ئەھۋالىدىن قارىغاندا، نۆۋەتتە شىنجاڭ ئىچى
ۋە شىنجاڭ سىرتىدىكى ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى
بازارلىرىنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى ئىشلىتىش
كۆلىمى ئوخشاش دېگۈدەك بولۇپ، بۇ
ئوخشاش كۆلەمدىكى ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى
بازىرىدىن بىرنى قايتىدىن ئاچقانغا باراۋەر.
سىرتقا يەتكۈزۈلگەن توك مىقدارىنىڭ 10 مىليارد

400 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىشى ئاپتونوم
رايونغا 2 مىليارد 300 مىليون يۈەن بىۋاسىتە
ئىقتىسادىي پايدا يارىتىپ، 300 مىليون يۈەن
ئەتراپىدا باج كىرىمى كۆپەيتىپ بېرەلەيدۇ.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭنىڭ
توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش يولىدىن تۆتنى
قۇرۇپ چىقىپ، سىرتقا يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى
16 مىليون 400 مىڭ كىلوۋاتقا يەتكۈزدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 8 - ئاينىڭ
1 - كۈنى سائەت نۆلدىن 24 كىچە، ئۈرۈمچى
شەھىرىدە دوكلات قىلىنغان يېڭىدىن كۆپەي-
گەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق
ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان
ئاغرىق مىسالى 29، يېڭىدىن كۆپەيگەن كېسەل-
لىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى
توققۇز؛ 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 24كىچە،
ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھازىر بار بولغان ئېنىق
دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 565، كې-
سەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى
110 بولغان. 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سائەت
نۆلدىن 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 24كىچە،
ئۈرۈمچى شەھىرىدە ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن
چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق
جەمئىي 23 بولۇپ، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈل-
مىگەن 22 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش
بىكار قىلىنغان، بۇ، قۇتقۇزۇش - داۋالاش
خىزمىتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىش-

كەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. نۆۋەتتە، گوۋۇ-
يۈەننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق
ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويى-
چە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىز-
گىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپى-
سى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇتەخەسسىسلەر گۇ-
رۇپپىسى ۋە كەڭ دوختۇر - سېستىرالار «تۆتنى
مەركەزلەشتۈرۈش» پرىنسىپى بويىچە،
دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ 7 -
نۇسخىدىكى دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھە-
سىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، جۇڭيى تېبابىتى
بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ
تۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئېنىق دى-
ياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرى ۋە كېسەل-
لىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنى
قېلىپلاشتۇرۇپ داۋالىماقتا.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى
دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈ-
مىنىڭ بۆلۈم باشلىقى سۈي رۇڭ ئاخبارات
ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنداق دېدى: تارقى-

لىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈپ
تەھلىل قىلىش ۋە يۇقۇملۇق كېسەل قانۇنىيى-
تىگە ئاساسەن، پۈتۈن شەھەرنىڭ نۆۋەتتىكى
يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەزىيىتى يەنىلا
كەسكىن، مۇرەككەپ، قىلچە بوشاشتۇرۇپ قو-
يۇشقا بولمايدۇ، قىلچە بېپەرۋالىق قىلىشقا بول-
مايدۇ، بولمىسا قىلغان ئەجرىمىز بىكارغا كېتى-
دۇ. كەڭ شەھەر ئاھالىلىرى قارىغۇلارچە ئۈ-
مىدۋار بولۇپ كەتمەسلىكى، ئالاقزەدىمۇ
بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك، بىر نىيەتتە ھەم-
كارلىشىپ، ئاۋۋال ئالدىنى ئېلىپ، ئاندىن تىزگىن-
لەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش
ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە بالدۇرراق
غەلىبە قىلىش كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى
ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى سىجىل پۇختا،
ياخشى ئىشلەۋاتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھەرلىك كې-
سەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەر-
كىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋېن گوشىننىڭ تو-
نۇشتۇرۇشىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى ئېنىق دى-

ياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرى ۋە كېسەل-
لىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنى
بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا بىرىنچى ۋاقىتتا
يۆتكەپ ۋاقتىدا داۋالىتىش بىلەن بىللە، ئۇلار
تۇرۇشلۇق ئولتۇراق رايونلارغا قارىتا قاتتىق
يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇشنى يولغا قويغان،
ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرد-
نىڭ ئائىلىسى، تۇرۇشلۇق بىنا ۋە ئەتراپتىكى
مۇھىتتىن ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈپ، بۇلغى-
نىش ئېھتىمالى بولغان مۇھىتتىكى بارلىق جى-
سىملارنىڭ سىرتقى يۈزىنى، بۇيۇملارنى، ھا-
ۋانى ئاخىرقى ئۈچ ئۆلچىمى بويىچە قاتتىق
دېزىنفېكسىيەلەپ، ئەتراپتىكى ئاممىۋى مۇھىت-
نى تازىلاش، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆل-
تۈرۈشنى كۈچەيتكەن، مۇلازىمەت كاپالىتى
خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەھەللە خا-
دىملىرى، پىدائىيلارغا شەخسىي مۇداپىئەنى
ياخشى قىلىشنى ئەسكەرتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدد-
نى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئىلمىي،
دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك ياخشى ئىشلىگەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

ۋاگونغا كۈندىلىك يۈك قاچىلاش مىق-
دارىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى مەلۇم دەرى-
جىدە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ بارو-
مېترىغا ئايلاندى.

نۆۋەتتە، بازارنىڭ كۆمۈر، مېتال
رۇدىسى، پاختا قاتارلىق مەھسۇلاتلار-
غا بولغان ئېھتىياجى سىجىل زورايماقتا.
شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى
توشۇش يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر
قېزىپ، كۆپ مىقدارلىق ماددىي ئەشيا
ترانسپورتىنى ياخشى تۇتۇپ، ئىشلەپ-
چىقىرىش كۆرسەتكۈچىدە كەينى -
كەينىدىن يېڭى سەۋىيە يارىتىپ،
كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجى-
رىنىڭ مۇقىملىقىنى كۈچلۈك تىرەك
بىلەن تەمىنلىدى.

يېقىندا، شىمالىي شىنجاڭ رايونى-
نىڭ پاختا، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق
مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىچكىرى رايونلارغا
توشۇلۇشىغا، شەرقىي جۇڭغار كۆمۈر-
نىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى
جايلارغا يەتكۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ،
ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالى پويىزلارنى
كۈتۈۋالىدىغان، يولغا سالىدىغان،
گۇرۇپپىلايدىغان ئەڭ چوڭ
«پورت»قا ئايلاندى. «بىز دەل
جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوماندانلىق
قىلىش، يۈك پويىزىنىڭ يۈرۈش لا-
يىھەسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئىشلەپچى-
قىرىشتىن باشقا مەشغۇلات ۋاقتىنى
قىسقارتىشنى يولغا قويۇپ، پويىز
ئۆتۈش نىسبىتىنى ئاشۇردۇق»
دېدى ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالى
يۈرۈشتۈرۈش سېخىنىڭ باش ئورۇن-
لاشتۇرغۇچىسى بيەن جياڭ.